# ئىشلەمچىلىك قىلسا كىرىمگە ئىگە بولىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئاساس بولىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇ بىرقانچە يىلدا، كەنتتىكى ئاچا - سىڭىللارنىڭ خىزمىتى بار بولۇپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن تۇرمۇشىنى ياخشىلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىم ناھايىتى تىت - تىت بولدى» دېدى گۈلنۇر.

بۇلتۇر 8 - ئايدا، گۈلنۇر بالىسىنى يەسلىگە بېرىپ، يېزا - بازارلار تەشكىللىگەن تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئارقىلىق گولخۇۋا شىركىتىگە كېلىپ ئىشقا چۈشتى. ئۈچ ئاي تىككۈچىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىنىشكە قاتناشقاندىن كېيىن، گۈلنۇر شىركەتنىڭ رەسمىي خىزمەتچىسىگە ئايلاندى، ھازىر ھەر ئايدا 1200 يۈەندىن 1800 يۈەنگىچە ئىش ھەققى ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: «تېخنىكام بارغانسېرى پىشىپ، تاپىدىغان پۇلۇممۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇلتۇردىن ھازىرغىچە 10 مىڭ يۈەن يىغدىم، بۇ يىل پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدۇ. مەن ياخشى خىزمەت قىلىمەن، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى».

كەسپلەر باغچىسىدا، گۈلنۇرغا ئوخشاش ئىككى قولىغا تايىنىپ بەختلىك تۇرمۇش ياراتقان نامرات ئامما يەنە ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە مەزمۇنلۇق، گۈزەل بولۇشىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى تىرەك بولغان.

شىنجاڭ بىباھا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى نۆۋەتتە 30دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن توققۇزى بولۇپ، كۆپىنچىسى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزىسى ئەتراپىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار.

شىنجاڭ ياڭدېڭ ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى، ئاتۇش شەھىرى ئىزچىلار گىلەم زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار 450 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 140 كىشى بار.

…

ئاتۇش سانائەت باغچە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ئۇنىۋېرسال ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىيۇڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاتۇش شەھىرىدىكى كىچىك، ئوخشاش (كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت) كەسپلەر باغچىسى سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش جەريانىدا، كىيىم - كېچەك كەسپى، ئېلېكترونلۇق دېتاللارنى قۇراشتۇرۇش، پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۆپ جۇغلاشقان كارخانىلارنى ماكانلىشىشقا پائال جەلپ قىلدى. ھازىرغىچە، باغچە رايونىغا سولىياۋ بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت، گىلەم، كەشتە، قوي يۇڭى، تۈۋىت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 33 كارخانا ماكانلىشىپ، 5947 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىن 1200 كىشى بولۇپ، بۇ، ئاتۇش شەھىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، كېيىنكى قەدەمدە، كەسپلەر باغچىسى خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئېتىبار سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاتۇش شەھىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى، بولۇپمۇ نامرات ئائىلىلەرنى داۋاملىق جەلپ قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22.9% ئېشىپ، جۇڭگو شىنجاڭ تاشقى سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 46.5%نى ئىگىلىگەن. جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستان، رۇسىيە، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئېشىش بولغان.

ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە، شىنجاڭدىكى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 81 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.7% ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 73.5%نى ئىگىلىگەن؛ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 28 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 44.1% ئېشىپ، 25.6%نى ئىگىلىگەن. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدىكى ئىپادىسى ياخشى بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن.

ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، ئەمگەك كۆپ جۇغلاشقان تىپتىكى مەھسۇلاتلار ئېكسپورتتا ئېشىش كۆرۈلگەن. ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە، شىنجاڭ 22 مىليارد 190 مىليون يۈەنلىك ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 26.5% ئاشقان؛ جەمئىي 42 مىليارد 60 مىليون يۈەنلىك كىيىم - كېچەك، توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈردىكى ئەمگەك كۆپ جۇغلاشقان تىپتىكى مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.1% ئاشقان؛ 4 مىليارد 620 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.4% ئاشقان.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش ئەندىزىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر. تاموژنىنىڭ نۆۋەتچى پويىزنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بىرلىكى «پويىز»دىن «ۋاگون»غا ئۆزگەرتىلىپ، شۇ ئارقىلىق نۆۋەتچى پويىزلارنى يىغىش، يۈكلەرنى مەركەزلىك توپلاش، ئىچكى - تاشقى سودا ماللىرىنى بىر پويىزدا توشۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى تۆمۈريولدا تاموژنىغا يوللاش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، (جۇڭگو - ياۋروپا)غەربكە قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك توشۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ ئەندىزە ئۈرۈمچىنى نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ «ئۆتكۈنچى يولى»دىن «يىغىلىش مەركىزى»گە ئۆزگەرتىدۇ، نۆۋەتچى پويىزنىڭ ئومۇمىي مۇساپىدىكى بىۋاستە بېرىش چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، نۆۋەتچى پويىزنىڭ ۋاگونلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ۋاكالەت نومۇرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

«بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا»نىڭ تولۇق ئاتىلىشى جۇڭگو - ياۋروپا بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا قاتنىشى لىنىيەسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پىلانى بولۇپ، پۈتۈن يەر شارى بويىچە تۇنجى بولۇپ دۇنيا تاموژنا تەشكىلاتىنىڭ «پۈتۈن يەر شارى سودىسىنىڭ بىخەتەر ۋە قولايلىق ئۆلچەم رامكىسى»نى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئۆلگىلىك تۈر. بۇ قېتىمقى «بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا» سىنىقىدا شىنجاڭدىكى يەرلىك كارخانىلار تاللاپ ئىشلىتىلدى. «بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا قاتناشقان كارخانىلار مۇددەتتىن بۇرۇن تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، تالونى ئالدىن تەكشۈرۈش، مال تەكشۈرۈش ۋە ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى ئالدىن بېجىرىش قاتارلىق قولايلىقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

---

# ئاپتونوم رايونىمىزدىن 20دىن ئارتۇق كارخانا

# ياڭلىڭ يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى

مۇخبىرىمىز **شى خۇيبيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 26 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياڭلىڭ يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ياڭلىڭ يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدا باشلاندى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن 20دىن ئارتۇق كارخانا 100خىلغا يېقىن مەھسۇلاتنى ئېلىپ كۆرگەزمىگە قاتناشتى، بۇ، شىنجاڭنىڭ 2012 - يىلى تۇنجى قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ كۆرگەزمىگە قاتناشقاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ زور، كۆرگەزمە شەكلى ئەڭ مول بولغان بىر قېتىملىق قاتنىشىشى.

بۇ نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىدە «يېڭى يېزا ئىگىلىكى، يېڭى يېزا، يېڭى دېھقان» باش تېما قىلىندى. بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى، ئۇرۇقچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش كۆرگەزمىسى قاتارلىق يەتتە مەخسۇس تېمىدىكى كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىپ، ئەمەلىي بۇيۇم، سۈرەت، ئۈن - سىن قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەز يېتىشتۈرۈش، خاس باغۋەنچىلىك - تېرىقچىلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش قاتارلىق ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە نەق مەيداندا شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئورۇنلىنىپ، گۈزەل شىنجاڭ تەشۋىقات فىلىمى قويۇلۇپ، كۆپلىگەن ئېكسكۇرسىيەچىنى قەدىمىنى توختىتىپ كۆرۈشكە جەلپ قىلدى.

ياڭلىڭ يېزا ئىگىلىكى يۇقىرى، يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى دۆلەت 5A دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال كۆرگەزمىسى بولۇپ، 25 نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ھەر يىلى ئالاقىدار كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ياكى كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى ۋە داڭلىق، ئەلا ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، كۆرگەزمە قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپلا قالماي، يەنە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۇتۇقلىرى ۋە پەن - تېخنىكىنى قوللىنىش، ئېچىش، كېڭەيتىش يۈزلىنىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەشكە ياردەم بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دېھقانلارنىڭ سىجىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

---

# نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈش مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

**■ «قاتتىق» بولۇشنى باشلامچى قىلىپ، ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش**

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتنىڭ باش تېما تەربىيەسى ئومۇمىي لايىھەسىنى تۈزۈش ئاساسىدا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ۋىلايەت، ناھىيە تۆت يۈرۈش بەنزىسى، ۋىلايەت، ناھىيەگە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماق، ئورۇنلار، يېزا - بازار(كوچا باشقارمىسى)، كەنت (مەھەللە)لەر ۋە مائارىپ سىستېمىسىدىن ئىبارەت تۆت تارماق لايىھە تۈزۈپ، بىر ئومۇمىي لايىھەنى باشلامچى قىلىپ ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇش، تۆت تارماق لايىھە بويىچە تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىگە دەل جايىدا، كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلچەم، سۈپەتنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى چىڭ كۆزلەشنى چىڭ تۇتۇپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى چىڭ ئىگىلەشنى بوشاشتۇرماي، «ئۈچنى تەتبىقلاش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، نازارەت دەرىجىلىك ۋە ناھىيەلىك، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلىش ماتېرىيالى، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزدىتىش تىزىملىكىدە ساقلانغان تونۇش چوڭقۇر بولماسلىق، تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئەمەلىي بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، بىر - بىرلەپ قايتا ئىنكاس، تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«بىز باش تېما تەربىيەسىنى ھەردەم كەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئۆزى ئىزدەش، يولداشلار ياردەم قىلىش، ئامما ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، ئاممىغا ياردەملىشىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق.» خوتەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ جيەنبو مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

خوتەن ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، باشلامچى بولۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ، دەرىجىمۇدەرىجە يېتەكلەپ ئۆگىنىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قاتتىق، ئەمەلىي، يۇقىرى سۈپەتلىك ئالغا سىلجىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋىلايەتنىڭ نۇقتىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى.

گۇما ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار بەس - بەستە ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئاممىۋى خىزمەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئاممىغا يېقىنلاشتى، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدى. گۇما ناھىيەسىنىڭ گۇما بازىرىدىكى پارتىيەلىك كادىر جياڭ شياۋيۈك مۇنداق دېدى: «مەركەزلىك ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ۋە ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا بولغان تونۇشۇم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، غايە - ئېتىقادىم تېخىمۇ چىڭىدى. بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈمنى ئاممىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئاممىنىڭ غەم - ئەندىشىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرىمەن».

**■ «ئەمەلىي بولۇش» تىرەك قىلىنىپ، تۈزىتىش ئارقىلىق نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىش**

خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار مەسىلىگە تەتبىقلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، تۈرلەر بويىچە تىزىملىك تۈزۈپ، تاماملاش قەرەلى ۋە مەسئۇل كىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى، نەق مەيداندا تەربىيەلەش ۋە يۈزتۇرا يېتەكلەش ئارقىلىق، كۆپچىلىككە نېمىنى تۈزىتىش، قانداق تۈزىتىشنى بىلدۈرۈپ، ئاممىغا ھەقىقىي ئۆزگىرىشنى ھېس قىلدۇردى.

باش تېما تەربىيەسىدە، خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى چۆرىدەپ كەمتۈكلۈكلەرنى تېپىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللاندى. پۈتۈن يېزا بويىچە نەسىللىك توشقان باقمىچىلىقى ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، نەسىللىك كەپتەر باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى. ھازىر، نەسىللىك كەپتەر باقمىچىلىقى ھەمكارلىق كوپېراتىپى جەمئىي توققۇز ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن سېخ قۇرۇپ، 180 نامرات ئائىلىنى كەپتەر بېقىشقا يېتەكلەپ مەنپەئەتكە ئېرىشتۈردى، ئوتتۇرىچە ئائىلىلىك مائاشى 4000 يۈەنگە يەتتى.

نىيە ناھىيەلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاممىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان تيەنجىنلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىدىكى 25 مۇتەخەسسىسنى تەكلىپ قىلىپ، شۇ جايدىكى 11 تېببىي خادىم بىلەن سەييارە ھەقسىز كېسەل كۆرۈش گۇرۇپپىسى، سوزۇلما كېسەللەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ھەم ساغلاملىق چوڭ دەرسخانىسى ھەقسىز كېسەل كۆرۈش لېكسىيە گۇرۇپپىسى قاتارلىق تۆت گۇرۇپپا قۇرۇپ، ئاممىنى «ئىشىكى ئالدى»دىلا ئەلا سۈپەتلىك، قولايلىق داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

نىيە ناھىيەسى يېيىق يېزىسىنىڭ يېيىق كەنتىدىكى 70 ياشلىق كەنت ئاھالىسى مەتروزى قاسىم خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۆيۈم ناھىيە بازىرىغا 80 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، ھەر قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتسەم بالىلىرىم ھەمراھ بولۇپ باراتتى. ھازىر مۇتەخەسسىس دوختۇرلار ئىشىكىمىز ئالدىغا كېلىپ كېسەل كۆرىدۇ، ھەقسىز دورا ئەكېلىپ بېرىدۇ، پارتىيەگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن».

خوتەن شەھىرى سوزۇلما كېسەللەرنى كېلىشىم بويىچە پەرۋىش قىلىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلارنى ئۆز تەۋەلىكىدە ساغلاملىق تەربىيەسى بويىچە مەسلىھەت بېرىش سۇپىسى تەسىس قىلىشقا تەشكىللەپ، ئاممىنى سوزۇلما كېسەللەرنى داۋالاتقاندىن كېيىنكى كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مۇلازىمىتى ۋە سوزۇلما كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى تەشۋىقاتى بىلەن تەمىنلىدى، ئائىلە دوختۇرى مۇلازىمىتى كېلىشىمى ئىمزالىمىغان ئائىلىلەرنىڭ نەق مەيداندا كېلىشىم ئىمزالىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسىنىڭ ئايدىڭكۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى باش تېما تەربىيەسىدە، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، پىكىر - تەكلىپ ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىش، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىق تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش كۆزنىكى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، ئاممىنىڭ ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى توپلاپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تۇتتى. سۇ - توك سايمىنى ئالماشتۇرۇش، توك يوللىرىنى ئاسراش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بېجىرىپ بېرىش قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قاتار ئەڭ جىددىي، ئەڭ غەم قىلىدىغان، ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان ئىشلارنى مەسىلە تىزىملىكىگە كىرگۈزدى ھەم تۈرمۇتۈر ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. 9 - ئايدىن بۇيان، بۇ «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى تۈرلۈك قىيىنچىلىق تەلەپلىرىدىن 68نى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.